# «غازات» نىقابى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ ماھىيىتىنى ياپالمايدۇ

چى فۇ

بۇ يىل 4 - ئايدا ئاقتو ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭدا ئاز ساندىكى بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر دىنىي نىقاب قىلىپ ۋەقە تۇغدۇرۇشنى مۇھىم ۋاستىلەرنىڭ بىرى قىلدى. ئۇلار ئاتالمىش «غازات» نى ھەدەپ تەرغىپ قىلىپ، «غازات نىزامى» دېگەن بىرنېمىنى تۈزۈپ چىقىپ، «غازات» قىلىش نامى بىلەن ئاتالمىش «غازات قوشۇنى» تەشكىللىدى، كوللېكتىپ ناماز ئوقۇپ، «تەكبىر» ئېيتىپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغاپ، خەلق ھۆكۈمىتى قورۇسىغا قوراللىق ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئۇلارنىڭ دىنىي سۇيىئىستېمال قىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشتىكى يەنە بىر ئاساسلىق نەيرىڭى. بۇ زوراۋانلار «غازات» قىلىش نامى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى، خەلق ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا ئۇرۇندى، مانا بۇ بىر تۈركۈم ئەكسىيەتچى سىياسى كۈچلەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ماھىيىتىنى ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايى مەقسىتىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى.

ئەمەلىيەتتە، «غازات» قىلىش ۋەھشىيلىكى ئۇلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ قوزغاشتىن ئىبارەت ماھىيىتىنى ياپالمايدۇ. ئۇرۇش — سىياسىينىڭ داۋامى. خۇددى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ كۆرسەتكىنىدەك: «سىياسىي — قان تۆكۈلمەيدىغان ئۇرۇش، ئۇرۇش — قان تۆكۈلىدىغان سىياسىي.» (ماۋزېدۇڭ: «ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا»، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - توم، 266 - بەت) ئومۇمىي مەنىدىكى ئۇرۇشلار شۇنداق بولىدۇ، دىنىي نام بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ھەر قانداق ئۇرۇشمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم سىنىپنىڭ سىياسىي مەنپەئەتى ۋە تەلىپىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، ئىسلام تارىخىدىكى ئاتالمىش «غازات» لارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. بارىن يېزىسىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى زوراۋانلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ئەپتى - بەشىرىسىنى پاش قىلىش، ئىسلام تارىخىدىكى «غازات» لارنىڭ قانداق بىر ئىش

ئىگە ئىلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش زۆرۈر.

«غازات» ئەرەبچە « Jinad » تەرجىمىسى، ئەسلى مەنىسى «كۈرەش» دېگەنلىكتۇر. بۇ سۆز ئەسلىدە مۇھەممەتنىڭ مەدىنىدىكى چېغىدا كۆپ خۇدالىقلار ۋە يەھۇدىلار بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى كۆرسەتكەتتى، كېيىن ئىسلام تۇغى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان ھەر خىل ئۇرۇشلارنىمۇ كۆرسىتىدىغان بولدى. دىن تەلىماتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «قۇرئان» دا: «غازات» «ئاللا يولى» دا كۈرەش قىلىش دېمەكتۇر، دېيىلگەن. ئىسلام شەرىئىتىدە بۇ ئىككى خىل ئۇرۇش ئۈچۈن «دىنىنى قوغداش» ۋە «ئۆزىنى قوغداش» تىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي پرىنسىپ بەلگىلەنگەن. ئەمما تارىخىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇرۇش ئىسلام دىنىنى بەرپا قىلىش، تارقىتىش مەزگىلىدىكى بويسۇندۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئېھۇرۇشلاردا ۋە كېيىنكى بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدىكى ئۇرۇشلاردا، بولۇپمۇ VII ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى سىياسىي كىرىزىسنى ھەل قىلىشتا مۇھىم ۋاسىتە قىلىندى. ئەينى چاغدا ئۇرۇغداشلىق جامائەسى تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىپ، ئومۇمىنىڭ بايلىقىغا چاڭگال سېلىش ۋە ئىگە بولۇۋېلىش يولى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى بىلەن ئاددەتتىكى جامائە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ قارشىلىق كۈچەيدى، قۇلدارلار بىلەن سان جەھەتتە ئۆزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقان قۇللار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، پەقەت سىرتقا قارىتا بويسۇندۇرۇش ئېھۇرۇشى ۋە بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشىنى قوزغىغاندىلا ئاندىن سىياسىي كىرىزىستىن قۇتۇلۇش يولىنى تاپقىلى بولاتتى. چۈنكى شۇنداق قىلغاندىلا ئۇرۇشقا قاتناشقۇچىلارنى باي قىلغىلى، مال - مۈلكىنى ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتىكى تەڭسىزلىك تۈپەيلىدىن ئۆتكۈرلەشكەن ئىجتىمائىي زىددىيەتنى پەسەيتكىلى بولاتتى. ئىسلام دىنى-

---

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى يازغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى. چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» (مۇزاكىرە ئارگىنالى).

④ سەيپىدىن ئەزىزى «تەڭرىتاغ بۈركۈتى» 1989 - يىل 12 - ئاي، خەنزۇچە نەشرى.

1948 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەھىمجاننىڭ جاڭ جىجۇڭغا يازغان خېتى.

تەرجىمە قىلغۇچى: زابىت رەھىم

نىڭ بۇ خىل ئۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرى «غازات» توغرىسىدىكى تەلىماتى ۋە ئىزاملىرىدا مۇقىملاشتۇرۇلدى، يەنى شەرىئەتتە «قانۇنلاشتۇرۇلدى». ئىنقىلابىي ئۇستاز ماركس مۇنداق دەپ دەل جايىدا كۆرسەتكەن: ‹قۇرئان› ۋە قۇرئاننى ئاساس قىلغان ئىسلام قانۇنى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان مىللەتلەرنى جۇغراپىيە ۋە ئىجتىمائىيەت جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل دۆلەت ۋە مىللەتكە — ھەقىقىي مۇسۇلمان ۋە ‹كاپىر›، يەنى دۈشمەنگە يىغىنچاقلىغان. ئىسلام دىنى ‹كاپىر› لارنى قانۇن تەرىپىدىن مۇھاپىزەت قىلىنمايدىغانلار دەپ جاكارلىغان ھەم مۇسۇلمانلار بىلەن ‹كاپىر› لار ئوتتۇرىسىدا دائىم دۈشمەنلىشىپ تۇرىدىغان ھالەتنى پەيدا قىلغان» («ئۇرۇش ئېلانى — شەرق مەسىلىسىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى»، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 10 - توم، خەنزۇچە نەشرى 180 - بەت). ئىنقىلابىي ئۇستازنىڭ بۇ مۇپەسسەل ھۆكۈمى بۇ خىل «غازات» نىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەردى. دېمەك، سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش ھەم ئىجتىمائىي ئىنقىلابنى يوققا چىقىرىدىغان دىنىي ئىدېئالىستىك ئەمىر - مەرۇپلار ئىسلام «غازىتى» نىڭ ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى ئاساسى.

دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورلىقىدىكى سوتسىيالىستىك تۈزۈمى شارائىتىدا، بارىن يېزىسىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ماركس ئاللىبۇرۇن تەنقىد قىلغان «غازات» دېگەن بىرنىمىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ قوزغىشى ئىنتايىن ئەكسىيەتچىلىك. بىرىنچىدىن، ئۇلار داۋراڭ قىلغان «غازات» نىڭ مەقسىتى، شىنجاڭدا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى ئاغدۇرۇش، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرۇپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدىن ئايرىپ چىقىش. ھەممىگە مەلۇمكى، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بىرلىكتە قۇرغان بىر پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەت. بۇنداق بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بىر قانچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن، تەرەققىي قىلغان ۋە مۇستەھكەملەنگەن. دۆلىتىمىزنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى، مۇستەھكەملىنىشى جەريانىدا، ھەر مىللەت خەلقى ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىنى ئورتاق ياراتقان، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە بەرپا قىلغان ۋە تەرەققىي قىل-

دۇرغان، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ھەممىسى تۆھپە قوشقان، ۋەتىنىمىزنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ پۈتۈنلۈكى ۋە بىرلىكىنى بىرلىكتە قوغدىغان. ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى يوقىتىلدى، سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇم تۈگىتىلدى. ئىقتىسادىي بازىستىن ئۈستقۇرۇلمىغىچە بولغان ھەر قايسى ساھەدە كەڭ كۆلەمدە ئىجتىمائىي ئىسلاھات يۈرگۈزۈلدى، ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت كۆپ ئىلگىرىلىدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ھالدا ياخشىلاندى ۋە ئۆستى، شىنجاڭنىڭ قىياپىتىدە يەر - جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان ئۆزگىرىشلەر بولدى. يېپيېڭى سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم ئورنىتىلدى، مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، سوتسىيالىستىك ئىدىيىنى مەركەز قىلغان مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، بۇ ئاساستا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىدىيە ۋە ئەخلاق ئۆلچىمى شەكىللەندى، ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتەك ئېسىل ئەنئەنىگە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى. بارىن يېزىسىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى زوراۋانلار دىنىي مەنىۋى قورال قىلىپ، كەڭ كۆلەمدە ئەكسىيەتچىل جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ، «غازات» قىلىشنى تەرغىپ قىلىپ، شىنجاڭنى سوتسىيالىستىك ۋەتەن ئائىلىسىدىن بۆلۈپ چىقىپ، خەلقئارا جاھانگىرلىكنىڭ ۋە كاپىتالىزمنىڭ ھامىيلىقى ۋە بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى. بۇ — تارىخىي ئېقىمغا قارشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ۋە ئورتاق غايىسىگە زىت قىلمىش، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىشى، ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولۇشى مۇقەررەر.

ئىككىنچىدىن، بارىن يېزىسىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ دىنىي سۇيىئىستېمال قىلىپ، بولۇپمۇ دۆلىتىمىزدە ئاللىبۇرۇن بىكار قىلىنغان ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئۇرۇشقا دائىر پەتىۋالاردىن پايدىلىنىپ «غازات» قىلىشنى تەرغىپ قىلىشتىكى مەقسىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك، قارى-

مۇقارشىلىق ۋە توقۇنۇش پەيدا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قو-
راللىق توپىلاڭ قوزغاش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇلار قۇراشتۇ-
رۇپ چىققان «غازات نىزامى» دا «غازات» قىلىشنىڭ مەقسىتى «كاپىرلارغا
ھۇجۇم قوزغاش»، «كاپىرلارنى يوقىتىش» تەرغىپ قىلىنغان. ئىسلام دىنىدا
ئېيتىلغان «كاپىر» ئادەتتە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىلەرگە
قارىتىلىدۇ. ئەمما ئۇلار ئېيتقان «كاپىر» ئاساسەن خەنزۇ خەلقىنى كۆرسىتىدۇ.
شۇڭا ئۇلار «جەڭ قىلايلى، خىتايلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرايلى»
دەپ جار سالدى. دېمەكچى ئۇلار ئېلىپ بارغان «غازات» «خەنزۇلارغا قار-
شى تۇرۇش»، «خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش» بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

مەملىكىتىمىزدە، خەنزۇلار ئاھالىسى ئەڭ كۆپ مىللەت. 1982 ـ يىلىدىكى
مەملىكەت بويىچە نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئېلان قىلىنغان سانغا
قارىغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى ئىچىدە خەنزۇلار 93.3% نى
ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭدا خەنزۇلار تەخمىنەن 40% نى ئىگىلەيدۇ. مەيلى پۈتۈن
مەملىكىتىمىزدە ياكى شىنجاڭدا بولسۇن، ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريا-
نىدا، خەنزۇلار بىلەن ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا سىياسىي،
ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە باشتىن ئاخىر مۇناسىۋەت مەۋجۇت بولۇپ
كەلگەن. مەملىكەت مىقياسىدىن ئېيتقاندا، يېقىنقى زامان جۇڭگو ئىنقىلابىي
جەريانىدا، خەنزۇ خەلقى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا قارشى ئىنقىلابلىرىدا
ئاساسىي قوشۇنلۇق رول ئوينىدى. جۇڭگو ئىنقىلابىي ئالدى بىلەن خەنزۇ
خەلقىنى ئاساس قىلغان رايونلاردا باشلانغان ھەم تايانچ بازىلارنى قۇرغان،
ئاندىن قېرىنداش مىللەت رايونلىرىغا كېڭەيگەن. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب
ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مەزگىلىدە خەنزۇ خەلقى دۆلەت تۇرمۇشىدا
يېتەكچىلىك رول ئوينىماقتا. شىنجاڭدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، چىن، خەن سۇلالى-
رىدىن ئىلگىرى، ئىچكىرى جايلاردىكى خەنزۇلار «غەربىي رايون» دەپ ئاتال-
غان قەدىمكى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر بىلەن ئالاقە ئورناتقان ۋە باردى ـ كەل-
دى قىلغان. خەن سۇلالىسىنىڭ جەنيۈەن 3 ـ يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى
138 ـ يىلى) جاڭ چيەن غەربىي رايونغا تۇنجى قېتىم كەلگەن؛ خەن سۇلالى-
سىنىڭ تەيچۇ 4 ـ يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 101 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى
غەربىي رايوندا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى باشلىغان؛ خەن سۇلالىسى-
نىڭ شېن جۆ 2 ـ يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى «غەر-

ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن دۈشمەننى ئۆلتۈرۈشى لازىم» دەپ جار سالغان. ئۇلار مەسچىتلەردە جامائەتنى «غازات» قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى، ئۇلارنى قورقىتىپ، توپىلاڭغا قاتنىشىش توغرىسىدا كوللېكتىپ قەسەم قىلدۇردى. بىر ئۇچۇم ئۇچىغا چىققان توپىلاڭچىلار تېخى «غازات قىلىش گۈزەل ئەخلاق» دېگەن بىرنېمىلەرنى تەرغىپ قىلىپ، «ئىسلام ئۈچۈن ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى» دەپ جۆيلىدى. ئەمەلىيەتتە، توپىلاڭ تىنچلىتىلغاندىن كېيىنكى تەكشۈ-رۈشتىن قارىغاندا، بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا باشچىلىق قىلغان بىر قانچە تايانچ ئۇنسۇرلارنىڭ بەزىلىرى قاتىللىق قىلىپ قېچىپ يۈرگەنلەر، بەزىلىرى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىپ قويۇپ بېرىلگەنلەر، بەزىلىرى ئوغرى، لۈكچەكلەر، ئۇلار ئەكسىيەتچىل مەيدانىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، خەلق ھاكىمىيىتى بىلەن قارشىلاشتى. ھەربىي ئاپتوموبىللارنى، قورال، ئوق - دورىلارنى بۇلىدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىنى تۇتۇۋالدى، ھەتتا قوراللىق ساقچى - قىسىم جەڭچىلىرىنى ۋەھشىلىك بىلەن ئۆلتۈردى. ئۇلار كەڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئاممىسىغا ھەرگىز ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئۇلار قانداقتۇ «غازى» ئەمەس، بەلكى جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان ئەكسىلئىنقىلابىي زورا-ۋانلار، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، كەڭ ھەر مىللەت خەلقى ئۇلارغا ئالدانمايدۇ. ئۇلار ھەر مىللەت خەلقى ۋە خەلق ھاكىمىيىتى بىلەن دۈشمەنلىشىپ، تەتۈر يول تۇتۇپ، ئاخىر بېشىنى يېدى.

بارىن يېزىسىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلار «غازات» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈردى. بۇ يېڭى نەيرەڭ ئەمەس. شىنجاڭ تارىخىدا بۇنداق «غازات» نەيرىڭىدىن تارىخ ۋە خەلق تەرىپىدىن ئىرغىتىپ تاشلانغان بۆلگۈنچىلەر ۋە ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان فېئودال خوجىلارمۇ پايدىلانغان. يەنە كېلىپ يېقىنقى زاماندا بۆلگۈنچى كۈچلەر قوزغىغان «غازات» لار خەلقئارا جاھانگىرلىكنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان مۇداخىلىسى ۋە تاجاۋۇزى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. مەيلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن چاغدىكى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭى (1756 — 1759 - يىللىرى) بولسۇن ياكى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ توپىلاڭلىرى (مەسىلەن، 1826 - يىلىدىكى جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلىڭى، 1830 - يىلىدىكى خوجا يۈسۈپنىڭ توپىلىڭى، 1847 - يىلىدىكى يەتتە خوجا توپىلىڭى، 1857-

يىلدىكى ۋەلىخان تۆرىنىڭ توپىلىڭى) بولسۇن؛ مەيلى ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان قوراللىق تاجاۋۇزى (1865 — 1878 - يىللىرى) بولسۇن ۋە ياكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر قۇرغان قورچاق ھاكىمىيەت «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» (1933 — 1934 - يىللىرى) بولسۇن، ھەممىسى دىنىي سۈيىئىستېمال قىلغان، «غازات» شەكلىدىن پايدىلانغان. شۇڭا ۋاھالەنكى بۇ خىلدىكى «غازات» لار تۈرلۈك مىللەتلەر، تۈرلۈك دىنلار ئوتتۇرىسىدا، ياكى بىر دىننىڭ تۈرلۈك مەزھەبلىرى ئوتتۇرىسىدا قانلىق قىرغىنچىلىق، كەڭ كۆلەملىك قوراللىق توپىلاڭ پەيدا قىلدى ياكى تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە سەۋەب بولدى. بۇنىڭ بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، ئىگىلىك ھوقۇقىغا ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىگە زور زىيان يەتتى، ھەر مىللەت خەلقى تارىخىي ئاپەتكە دۇچار بولدى. بۇ يېغىلىقلار تۈپەيلىدىن نوپۇس ئازىيىپ كەتتى. تېرىلغۇ يەرلەر ئاق قالدى. ئىقتىساد ۋەيران بولدى. مەدەنىيەت خاراپ بولدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ھەر مىللەت خەلقى ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى. تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى يېڭى تارىخىي دەۋردە، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ «غازات»لىرى پەيدا قىلغان تارىخىي پاجىئەلەرنىڭ شىنجاڭدا قايتا يۈز بېرىشىگە ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقە بىزنى ئاگاھلاندۇرىدىكى، ئازادلىقتىن كېيىن ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تۈزۈم جەھەتتىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىش ۋە دىنىي تۈزۈم جەھەتتىكى زور ئىسلاھات نەتىجىسىدە شىنجاڭنىڭ دىنىي ئەھۋالى كۆپ ئۆزگەرگەن، دىنىي جەھەتتىكى زىددىيەتلەر ئاساسلىقى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە تەۋە بولغان بولسىمۇ، ئەمما دىنىي مەسىلە ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ مەسىلە، ئۇ نۇرغۇن جايلاردا مىللىي مەسىلە بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، يەنە مەلۇم سىنىپىي كۈرەش ۋە خەلقئارادىكى مۇرەككەپ ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، دىن يەنىلا ئەكسىيەتچى مىللىي بۆلگۈنچىلەر پايدىلىنىپ خەلق ئاممىسىنى قايمۇقتۇرىدىغان، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەش قىلىدىغان بىر خىل ۋاسىتىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بىز بۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە دىققەت قىلىشىمىز ۋە ھوشيار

(داۋامى 127 - بەتتە)